دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى:

# قازاقىستان زۇڭتۇڭىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە توغرىسىدا ئوبيېكتىپ، ئادىل پوزىتسىيە بىلدۈرگەنلىكىنى يۇكسەك ئالقىشلايمىز

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر ۋېن شىن)** دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى خۋا چۈنيىڭ 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى مۇنداق بىلدۈردى: جۇڭگو تەرەپ قازاقىستان زۇڭتۇڭى توقايېۋنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە توغرىسىدا ئوبيېكتىپ، ئادىل پوزىتسىيە بىلدۈرگەنلىكىنى يۇكسەك ئالقىشلايدۇ.

شۇ كۈندىكى دائىملىق مۇخبىرلار يىغىنىدا، بىر مۇخبىر مۇنداق سورىدى: 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، قازاقىستان زۇڭتۇڭى توقايېۋ گېرمانىيەدە زىيارەتتە بولۇش ئالدىدا، گېرمانىيە تاراتقۇلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە توغرىسىدا مۇنداق دەپ بىلدۈردى: شىنجاڭدا ياشاۋاتقىنى جۇڭگو پۇقرالىرى، بەزى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى تەمىنلىگەن ئۇچۇرلار ئەمەلىيەتكە ئەسلا ئۇيغۇن ئەمەس، قازاقلارغا ئالاقىدار مەسىلىلەر قەستەن كۆپتۈرۈلگەن. قازاقىستان تەرەپ شۇنى ئېنىق بىلدۈكى، بۇ جۇغراپىيەلىك سىياسىينىڭ بىر قىسمى، چۈنكى جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا سودا ئۇرۇشىدا ئۆزئارا سوقۇشۇۋاتىدۇ، لېكىن قازاقىستان ئاتالمىش «يەرشارىۋى جۇڭگوغا قارشى بىرلىك سەپ»نىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. شىنجاڭدا تەسىس قىلىنغىنى قايتا تەربىيەلەش مەكتىپى، «جۇڭگو بارلىق قازاقلارنى ‹جازا لاگېرى›غا ھەيدەپ باردى»غا دائىر ئاشۇ قاراشلارمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. جۇڭگولۇق قازاقلار ئالدى بىلەن جۇڭگو پۇقراسى، شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ئىش جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى. خەلقئارا قانۇن ۋە قازاقىستان ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەت كېلىشىمىگە ئاساسەن، قازاقىستاننىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق، ئوخشاشلا، جۇڭگومۇ قازاقىستاننىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىپ باقمىغان. جۇڭگو قازاقىستان زۇڭتۇڭىنىڭ يۇقىرىقى ئىپادىسىگە قانداق باھا بېرىدۇ؟

خۋا چۈنيىڭ مۇنداق دېدى: جۇڭگو تەرەپ زۇڭتۇڭ توقايېۋنىڭ ئوبيېكتىپ، ئادىل پوزىتسىيەسىنى يۇكسەك ئالقىشلايدۇ. جۇڭگو بىلەن قازاقىستان دوستانە قوشنا دۆلەت ۋە مەڭگۈلۈك ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھ. زۇڭتۇڭ توقايېۋ بۇ يىل 9 ـ ئايدا جۇڭگوغا زىيارەتكە كېلىپ مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى جۇڭگو ـ قازاقىستاننىڭ ئۆزئارا قوللاشنى كۈچەيتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئورتاق تەرەققىيات ۋە گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كۈچ چىقىرىدىغانلىقىنى قايتا تەكىتلىدى. زۇڭتۇڭ توقايېۋنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە توغرىسىدا يۇقىرىقىدەك پوزىتسىيە بىلدۈرۈشى ئىككى دۆلەتنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقى ۋە يۇقىرى سەۋىيەلىك ئۆزئارا ئىشەنچىسىنى نامايان قىلىپلا قالماي، يەنە ئايرىم دۆلەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان سۆزلىرىگە كۈچلۈك رەددىيە بەردى.

خۋا چۈنيىڭ مۇنداق دېدى: ئادىللىق كىشىلەر قەلبىدە، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىجابىي باھاسىغا ئېرىشتى. ئايرىم دۆلەتلەرنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى دەستەك قىلىپ ھەدەپ قۇسۇر تېپىشى پاكىتقا تامامەن خىلاپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئېقىم خەلق رايىغا تامامەن خىلاپ، بۇنداق رەزىل سۇيىقەست ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

# چەت ئەللەردىكى زاتلار ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ماقۇللىغانلىقىنى ئەيىبلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى جۇڭگو تەرەپنىڭ كۈچلۈك قارشى تۇرۇشىغا قارىماي «2019 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى، كۆپ دۆلەتتىكى زاتلار ھەم چەت ئەللەردىكى خۇاچياۋ، خۇارېنلار مۇنداق دەپ قارىدى: ئامېرىكا كىشىلىك ھوقۇقنى باھانە قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىپ، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى، بۇ، ئوچۇق ـ ئاشكارا زومىگەرلىك قىلمىشى.

ئامېرىكىنىڭ سان ـ فرانسىسكودىكى جۇڭخۇا باش ئۇيۇشمىسى سارىيىنىڭ سابىق باش مۇدىرى خۇاڭ چۈۋېن مۇنداق دېدى: ئامېرىكىنىڭ بۇ قىلمىشى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا قوللانغان ئەسەبىزم، بۆلگۈنچىلىك ۋە تېرروررىزمغا زەربە بېرىش ھەرىكىتى خەلقنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، خاتىرجەم ياشايدىغان تۇرمۇش مۇھىتى يارىتىشنى مەقسەت قىلغان. شىنجاڭدا يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، زوراۋانلىق، تېرروررلۇق ۋەقەسى يۈز بەرمىدى، بۇ، جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنىڭ ئۈنۈملۈك بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

تايلاند جىڭدا باشقۇرۇش شۆيۈەنى يۈەنجاڭىنىڭ ياردەمچىسى، شيەنلو ئاقىللار ئامبىرىنىڭ رەئىسى خۇاڭ فېڭ مۇنداق دېدى: ئامېرىكا كىشىلىك ھوقۇق كالتىكىدىن قالايمىقان پايدىلىنىپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ قىممەت سىستېمىسىنى باشقا دۆلەتلەرگە تاڭدى، خەلقئارا قانۇن ـ قائىدىلەرگە پىسەنت قىلمىدى، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلمىدى، كىشىلىك ھوقۇقنى باھانە قىلىپ باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىشىغا ئارىلاشتى، بۇ جاھانگىرلىك ـ زومىگەرلىك ئىستىلى. غەربتىكى بىر قىسىم تاراتقۇلار ئاخبارات خىزمەتچىلىرىنىڭ مۇستەقىل تەكشۈرۈش كەسپ ئەخلاقىنى يوقاتتى، جۇڭگوغا قارا چاپلىغان نۇرغۇن تاراتقۇ مۇخبىرى جۇڭگوغا بېرىپ باقمىغان.

ئاۋستىرالىيەدىكى پۈتۈن ئاۋستىرالىيە جۇڭگونىڭ تىنچ بىرلىككە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش تۇغىمىخۇي جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى چيەن چىگو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر ئەسلا مىللەت، دىن، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى. شىنجاڭنىڭ ئىشى پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، ھەرقانداق چەت دۆلەتنىڭ ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ. ئامېرىكا تەرەپ يۇقىرىقى «قانۇن لايىھەسى» ئارقىلىق جۇڭگو تەرەپنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرىگە قەستەن قارا چاپلاپ، ئۆزىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدىكى قوش ئۆلچىمىنى ئاشكارىلىدى، نىيىتى رەزىل.

يېڭى زېلاندىيەدىكى جۇڭگونىڭ تىنچ بىرلىككە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى، يېڭى زېلاندىيەدىكى خۇارېنلار تەشكىلاتى بىرلەشمە جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى خۇاڭ ۋېيجاڭ قاتارلىق يېڭى زېلاندىيەدىكى خۇاچياۋلار رەھبەرلىرى مۇنداق دەپ قارىدى: مەزكۇر «قانۇن لايىھەسى»دە شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتى بۇرمىلانغان، قارا چاپلانغان ۋە ئاساسسىز ئەيىبلەنگەن، بۇ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق بولۇپ، خۇاچياۋ، خۇارېنلارنى قاتتىق غەزەپلەندۈردى. چەت ئەللەردىكى خۇاچياۋ، خۇارېنلار جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى ۋە تەرەققىيات مەنپەئىتىنى قوغدىشىنى قەتئىي قوللايدۇ.

بېلگىيەدىكى سەيبەيسى جۇڭگو ـ ياۋروپا سودا مەسلىھەتچىلىكى شىركىتىنىڭ باش لىدىرى فرېدېرىك باردان مۇنداق دەپ قارىدى: ئامېرىكا ئىزچىل ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرۇش ئارقىلىق جۇڭگونى توسۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە ئۇرۇندى. كىشىلەر شۇنى ئېنىق كۆرۈپ يەتتىكى، دەل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ مۇقىم بولۇشى، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

برازىلىيەدىكى برازىلىيە ـ جۇڭگو سودا ـ سانائەتچىلەر باش جەمئىيىتىنىڭ تەتقىقاتچىسى ئېلزابېل كاۋالو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئامېرىكىنىڭ باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىشىغا قول تىقىشى پات ـ پات كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، يېڭىلىق ئەمەس، ئاتالمىش كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى پەقەتلا بىر باھانە، ھەقىقىي غەرىزى ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى زومىگەرلىكىنى قوغداش. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، ئامېرىكىنىڭ ئېغىز غېرىچلىشىنىڭ ئورنى يوق.

جەنۇبىي ئافرىقا جىنشەن داشۆسىنىڭ پروفېسسورى جانى روسوئۇ مۇنداق دېدى: ئامېرىكا قاتارلىق بىر قىسىم غەرب دۆلەتلىرى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە قوش ئۆلچەم قوللىنىدۇ. ئامېرىكا دائىم ئۆزىنى «كىشىلىك ھوقۇق مۇھاپىزەتچىسى» دەپ ئاتىۋېلىپ ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىدۇ.

تۇنىس خەلقئارا مەسىلىلەر مۇتەخەسسىسى جاسىمى جۇما مۇنداق قارىدى: ئامېرىكا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى باھانە قىلىپ باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشى ئادەتكە ئايلانغان ۋاستە، نۇرغۇن ئەرەب دۆلەتلىرىمۇ مۇشۇنداق قىلىشقا ئۇچرىدى. شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ نۇرغۇن ئەزاسى شىنجاڭغا ئەسلا بېرىپ باقمىغان، يەنە كېلىپ شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەنمەيدۇ، پەقەت سىياسىي ئامىل سەۋەبلىكلا شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى.

سرى لانكا ئاقىللار ئامبىرى يول ئىزدىگۈچىلەر فوندى جەمئىيىتىنىڭ تۆر مۇدىرى، سابىق دېڭىز ئارمىيە سىلىڭى جايانات كولونباگې بۇ يىل 9 ـ ئايدا شىنجاڭدا زىيارەتتە بولغان. ئۇ مۇنداق دېدى: مەن شىنجاڭنىڭ ئىنتايىن تىنچ ئىكەنلىكىنى، ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. چەت ئەللەر شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەرگە ئارىلىشىشقا ئۇرۇنماسلىقى كېرەك.

**(قاتناشقان مۇخبىرلار: جوۋ شىڭجۇ، ۋاڭ جىن، رېن چيەن، چېن يۇ، يې زەيچى، پەن گېيىڭ، لۇ خۇەيچيەن، جاۋ شى، خۇاڭ لىڭ، تاڭ لۇ)**

شىنجاڭ ئىلىم ساھەسىدىكىلەر:

# «قانۇن لايىھەسى» ھەقىقىي ئەھۋالغا كۆز يۇمدى «شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگونى توسۇش» سۇيىقەستى جەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى ما كەي

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش «2019 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن تۆھمەت قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىشتىكى تىرىشچانلىقىغا ھە دەپ قارا چاپلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە يامان غەرەزدە ھۇجۇم قىلىپ، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئېغىر دەرىجىدە ئارىلاشتى. شىنجاڭ ئىلىم ساھەسىدىكى زاتلار بەس ـ بەستە ئىنتايىن غەزەپلەنگەنلىكىنى ھەم ئامېرىكا تەرەپنى كۈچلۈك ئەيىبلەيدىغانلىقىنى، شىنجاڭنىڭ ئىناق، مۇقىم بولغان چوڭ ۋەزىيەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى توسۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنىدىغان ھەر قانداق سۇيىقەستنىڭ جەزمەن مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

**«قانۇن لايىھەسى» ھەقىقىي ئەھۋالغا كۆز يۇمدى تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن**

«بۇ، يالغان ـ ياۋىداق گەپ ـ سۆزلەر ئۈستىگە تۈزۈلگەن ‹قانۇن لايىھەسى›، ئۇنىڭ سۆلەتلىك كىشىلىك ھوقۇق تونى ئىچىگە يوشۇرۇنغىنى ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭنى قالايمىقان قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشتەك يامان نىيىتىدۇر.» شىنجاڭ داشۆ ماركسىزم شۆيۈەنى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، يۈەنجاڭ زۇلھايات ئىسمايىل مۇنداق دېدى: شىنجاڭنىڭ قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش پرىنسىپى ۋە ئىدىيەسىنى نامايان قىلدى ھەم تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ مەدەنىيەت بىلىم سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، ئەمگەك ماھارىتىنى ئىگىلەش، ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ياردەم بەردى.

«مەن ئىلگىرى قەشقەر، خوتەن ۋىلايىتىدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلغان، تەربىيەلەنگۈچىلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش جەريانىدا مەكتەپ ئىچىدىكى ئەركىن، جانلىق كەيپىياتنى ھېس قىلغانىدىم.» زۇلھايات ئىسمايىل مۇنداق دېدى: كۆپ ساندىكى تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ سىڭدۈرمىچىلىكىگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى ئېشىپتۇ، ئەمەلىي قوللىنىشچان ماھارەت ئىگىلەپتۇ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارى ئېشىپتۇ، كۆپ ساندىكى تەربىيەلەنگۈچىلەر تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن كارخانىلاردا ئىشقا ئورۇنلىشىپتۇ ياكى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەپتۇ، يەنە بەزىلىرى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكوم، ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە داۋاملىق بىلىم ئاشۇرۇشقا كىرىپتۇ.

«ئامېرىكىنىڭ مەزكۇر ‹قانۇن لايىھەسى›نى چىقىرىپ كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە ھۇجۇم قىلىپ، قارا چاپلىشى ئۇلارنىڭ شىنجاڭ خەلقىنىڭ ياخشى بولۇشىنى كۆرۈشنى خالىمىغانلىقىدىندۇر.» شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كاندىدات تەتقىقاتچى ماخمۇت ئابدۇۋەلى مۇنداق دېدى: پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، شىنجاڭنىڭ كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن.

بۇ يىل 10 ـ ئايدا ماخمۇت ئابدۇۋەلى قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا جەمئىيەت تەكشۈرگەن، ئابدۇقېيۇم ئىسىملىك كەنت ئاھالىسى ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان، ئابدۇقېيۇمنىڭ ئۆيى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قاراقاش ناھىيەسى پۇرچاقچى يېزىسىدا بولۇپ، ئۇ كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، يېزىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىنىڭ ياردىمىدە، كىچىك تىپتىكى كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتى قۇرغان. زاۋۇتتىكى ئىشچىلار دەل كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيەسى ئارقىلىق تىككۈچىلىك تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەنلەر ئىدى. ماخمۇت مۇنداق دېدى: «بىر ئىشچىنىڭ ئارقىسىدا بىر ئائىلە بار، ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشى ئائىلىسىنى يېڭى تۈسكە كىرگۈزىدۇ».

«شىنجاڭ قوللانغان تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرى قانۇن بويىچە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈردى، بۇ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش روھى ۋە تەلىپىگە ئۇيغۇن، شۇنداقلا خەلقئارادىكى مۇناسىۋەتلىك ئەھدىنامە، تەشەببۇسلاردىكى ئاساسىي پرىنسىپقا ئۇيغۇن» دېدى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئادۋوكاتلار جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى، شىنجاڭ شىڭخې ئادۋوكاتلىق ئورنىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ خۇيمىڭ.

**ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى قوغدالدى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىندى ھەر مىللەت خەلق باراۋەر ھوقۇق ـ مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولدى**

«ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭ ‹ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى سىستېمىلىق يوقىتىۋاتىدۇ› دەپ ئەيىبلىشىنىڭ قىلچە ئاساسى يوق، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايلا قالماي، بەلكى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇلۇۋاتىدۇ ۋە قوغدىلىۋاتىدۇ.» شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنىنىڭ يۈەنجاڭى مۇختەر ياسىن مۇنداق دېدى: ئۇزاقتىن بۇيان، شىنجاڭ ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قوغداپ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ كەلدى، مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدىكى مەكتەپلەردە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ يېزىقى دەرسلىكىنى ئومۇميۈزلۈك تەسىس قىلدى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى، مەدەنىيىتى تولۇق ھۆرمەت قىلىنىشقا، ۋارىسلىق قىلىنىشقا ئېرىشتى، «ئاتالمىش ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يوقىتىۋاتىدۇ، دەپ ئەيىبلەشنىڭ قىلچە ئاساسى يوق!»

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ھۈسەيىن ھاشىم مۇنداق دېدى: شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئاساسلىق ئىشلىتىدىغان ئون خىل تىل ـ يېزىق ئەدلىيە، مەمۇرىيەت، مائارىپ، ئاخبارات ـ نەشرىيات، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە، ئالاقە تورى، جەمئىيەت ئاممىۋى ئىشلىرى قاتارلىق ساھەلەردە كەڭ قوللىنىلماقتا. ھۆكۈمەت يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تېبابەت دورىلىرىنى قوغداش ۋە ئېچىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، «مۇرەككەپ رېتسېپلىق يېزىخو ئەمىنى جەۋھىرى» «زۇكام جەۋھىرى» قاتارلىق مىللىي تېبابەت دورىلىرى كەڭ ئالقىشقا ئېرىشتى.

«شىنجاڭ ئون ئىككى مۇقامى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن ئىنسانىيەت غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋەكىللىك ئەسىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى، ھالبۇكى بۇ خىل سەنئەت شەكلىنى دەل ھۆكۈمەت مەبلەغ ۋە ئادەم كۈچى چىقىرىپ قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك قوغداشنى تاماملىغان، تېكىستكە ۋارىسلىق قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرغان.» ھۈسەيىن ھاشىم مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە، شىنجاڭدا دۆلەت غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تۈرىدىن 83ى، دۆلەت دەرىجىلىك «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» ۋەكىل خاراكتېرلىك ۋارىسىدىن 64ى بار، ئاز سانلىق مىللەتلەر تۈرى 95%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ.

«مەن جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا تۇغۇلغان. چوڭ بولغاندىن كېيىن مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسى، نەنجىڭ داشۆسىگە ئوخشاش پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرىنچى قاتاردا تۇرىدىغان ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇدۇم، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ياخشى سىياسىتى ماڭا بەرگەن.» شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئالىم ياقۇپ مۇنداق دېدى: «ئۇيغۇر مىللىتى جۇڭگودا تولۇق كىشىلىك ھوقۇق كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتىدۇ، بىزگە ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش ‹كىشىلىك ھوقۇق قانۇن لايىھەسى› لازىم ئەمەس».

**جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشقا يول قويۇلمايدۇ ئامېرىكىنىڭ «شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگونى توسۇش» سۇيىقەستى جەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ**

ئالىملار بەس ـ بەستە مۇنۇلارنى بىلدۈرۈشتى: شىنجاڭدا ئۈدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ سىڭدۈرمىچىلىكى ئۈنۈملۈك توسۇلدى، جەمئىيەت ئامانلىق ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، دىنلار ئىناق ـ رايىش بولدى، ھەر قايسى مىللەتلەر باراۋەر ـ ئىتتىپاق، تۇرمۇش تىنچ ـ خاتىرجەم بولدى، بۇنداق چوڭ ياخشى ۋەزىيەت ئاسان قولغا كەلمىگەن، ھەر قانداق كىشىنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشى جەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ.

«سىلەرگە بىزنىڭ ئائىلە ئىشىمىزغا ئارىلىشىشقا كىم ھوقۇق بەردى؟ شىنجاڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭى، بىز جۇڭگو پۇقراسى، شىنجاڭنىڭ ئىشى پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، ھەرقانداق چەت ئەل ھۆكۈمىتى ۋە كۈچلىرىنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق.» دېدى مۇختەر ياسىن.

«شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە بەزى غەرب سىياسەتۋازلىرى ۋە تاراتقۇلىرىنىڭ قول تىقىشى ھاجەتسىز، شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت خەلق ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، ھازىرقى شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىيات مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ.» ھۈسەيىن ھاشىم مۇنداق دېدى: «ھەرقانداق كۈچ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى توسۇپ قالالمايدۇ، گۈزەل شىنجاڭنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ».

زۇلھايات ئىسمايىل مۇنداق دېدى: «جۇڭگوغا ‹قالپاق› كىيدۈرمەكچى بولغان ھەرقانداق سۇيىقەستنىڭ ھەممىسى پەقەت ئۆزىنى ئۆزى رەسۋا قىلغانلىقتۇر. جۇڭگو خەلقى غەربتىكى بەزى سىياسەتۋازلار ۋە تاراتقۇلارنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىق تونۇپ يەتتى، چېگرا سىرتىدىكى قارا قوللارنىڭ ۋاستە تاللىماي شىنجاڭغا قارا چاپلاپ، ‹شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگونى توسۇش› سىياسىي سۇيىقەستىنى ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتتى، ئۇلار بۇ قېتىم چوقۇم ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

«ئۇيغۇر مىللىتى جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەستنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولۇش تەقدىرىدىن قەتئىي قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.» ئالىم ياقۇپ مۇنداق دېدى: «ئامېرىكىنى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشنى دەرھال توختىتىپ، پىتنە ـ ئىغۋالاردىن پايدىلىنىپ شىنجاڭغا قارا چاپلاپ ھۇجۇم قىلىشنى دەرھال توختىتىپ، زوراۋان، تېررورچى، بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ يەنە ئارقا تىرىكى ۋە قوللىغۇچىسى بولماسلىقىنى رەسمىي يوسۇندا نەسىھەت قىلىمەن».

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**